# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورگانىك جىپسلاشتۇرۇش، ئەترەپلىق ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ سەپلەش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشتا، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، مۇھىم ئامىللارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ سەپلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇھىم ئامىل بازىرى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇھىم ئامىل بازىرى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم ئامىل باھاسىنى بازار بەلگىلەش، يۆتكىلىشى مۇستەقىل، تەرتىپلىك بولۇش، سەپلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئادىل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پۇختا تۈزۈم ئاساسى سېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى باش تۇتقا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى كاپالىتى، يېزا ئىگىلىكى ياردەم پۇلى تولۇقلىمىسى، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئىشلىتىش - باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىغان، يۆنىلىشى ئېنىق، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، تەدبىرلىرى يۈرۈشلەشكەن، مەشغۇلات قىلىش ئاددىي، قولايلىق بولغان يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش تۈزۈمىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ دەللىكى، مۇقىملىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: داۋالاش كاپالىتى تۈزۈمى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئاساسقا كاپالەتلىك قىلىش، ئادىللىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىم، ساغلام، سىجىل بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئادىل، مۇۋاپىق بولغان تەمىنات كاپالىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇقىم، ساغلام، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان مەبلەغ توپلاش - يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەسقاتىدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك داۋالىنىش سۇغۇرتىسى چىقىم مېخانىزمى ئورنىتىپ، قاتتىق، كۈچلۈك بولغان فوندنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېببىي دورا مۇلازىمىتىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، داۋالاش كاپالىتىنىڭ ئاممىۋى باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان، شەھەر - يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلىنىدىغان، ھوقۇق - مەسئۇلىيىتى ئېنىق، كاپالىتى مۇۋاپىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان كۆپ قاتلاملىق داۋالاش كاپالىتى سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئەمگەك تەربىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تۈزۈمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك تەربىيەسىنى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كىرگۈزۈپ، ئائىلە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئادەم تەربىيەلەش يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تۈزۈلمە - مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىپ، مائارىپنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى شەكىللەندۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مۇھىتنى تۈزەش سىستېمىسى ۋە تۈزەش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى نىشان قىلىپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت سىستېمىسى، كارخانا مەسئۇلىيەت سىستېمىسى، ئومۇمىي خەلق ھەرىكەت سىستېمىسى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسى، بازار سىستېمىسى، ئىناۋەت سىستېمىسى، قانۇن - سىياسەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك سۇبيېكتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتلىرى ۋە ئاممىنىڭ قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يۆنىلىشى ئېنىق، تەدبىرلىرى ئىلمىي، ئىجراسى كۈچلۈك، رىغبەتلەندۈرۈشى ئۈنۈملۈك، كۆپ تەرەپ قاتناشقان، ياخشى سۈپەتتە ھەمتۈرتكە بولىدىغان مۇھىت تۈزەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈپتىن ياخشىلاش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭى دەۋردىكى مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكى تۈزۈلمە - مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئايلىنىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نەتىجىنى قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك سۇبيېكتلارنىڭ مائارىپتىكى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى ئاشۇرۇش، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى جىپسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى كۈچەش نۇقتىسى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالىي مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بازارلاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت كۈچلىرىنى زورايتىپ، ئوچۇق رىقابەتلىشىدىغان، كۆپ مەنبەلىك ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ سىستېمىلىق تۈپلىنىشى، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى تۈپ قوللانما بىلەن تەمىنلىدى. بىزنىڭ ھازىر قىلىدىغىنىمىز، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ تۈزۈمىنى تېخىمۇ پىشىلدۇرۇش، تېخىمۇ تۇراقلىشىپ يېقىنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈملەرگە توغرىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت تەپەككۇرى ۋە خىزمەت تۇتقۇسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، 4 - ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش تۈرتكە بولۇش، بىرتۇتاش ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىسلاھ قىلىنىپ تۈزۈم راماكىسى ئورنىتىلغانلىرىدا 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا سېلىشتۇرۇپ داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىش كېرەك؛ ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە تېخى ئىزدىنىۋاتقانلىرىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشنى چىڭ تۇتۇپ، بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خۇلاسىلەپ تاۋلاش، تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشنى شەكىللەندۈرۈشنى ياخشى قىلىش كېرەك؛ پىلانلاپ ئىسلاھ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغانلىرىدا دادىل ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ لايىھە تۈزۈش كېرەك. دەل جايىدا پىلانلاش، دەل جايىدا يولغا قويۇشقا يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىسلاھاتتا قانداق مەسىلىنى ھەل قىلىش، قايسى ۋاقىتتا يولغا قويۇش، تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن قانداق رولى بارلىقى توغرىسىدا كۆڭۈلدە سان بولۇشى كېرەك. ئوخشاش بولمىغان ئىسلاھاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرىنى ئىگىلەپ، لايىھە تۈزۈش، مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى بىللە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، نىشانلىق ئوق ئېتىش، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «ئوخشاش بولۇش، يۈزەكى بولۇش» بىلەن شۇغۇللانماسلىق، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك. دىققەتنى تۈزۈمنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلگەن - يۈرگۈزۈلمىگەنلىكىنى نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتتا نىشاننىڭ توپلىنىشى، سىياسەتنىڭ توپلىنىشى، ئۈنۈمنىڭ توپلىنىشىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلغان - ئاشۇرۇلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش بىرىك پىلانىنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسى، نەتىجە شەكلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

مەركىزىي ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

گوۋۇيۈەن يېزا يەر ھۆددىگەرلىكى مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش فاڭجېن - سىياسەتلىرىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ھۆددە مۇددىتىنى ئۇزارتىپ، ئالاقىدار تۈزۈم سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يەر ھۆددە ئېلىشتىكى تۈرلۈك ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە قوغدىدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىرگەن ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەر ھۆددىگەرلىكى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەم ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، پارتىيەنىڭ يېزا يەر سىياسىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق، جۇڭگوچە زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق.

دېھقانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ ئىگىلەپ، ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا يەرلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ يەر ھوقۇق - مەنپەئىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كونكرېت ئىشقا ئاشۇرۇش شەكلى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، يەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك؛ ئائىلە ھۆددىگەرلىك تىجارىتىنىڭ ئۇللۇق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى توغرا ئىگىلەپ، يېزا يېرى كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، ئائىلە ھۆددىگەرلىكى ئاساسىي تۈزۈمىنى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى ساقلاش، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كوللېكتىپ يېرىنى قانۇن بويىچە ھۆددىگە ئېلىش ئاساسىي ھوقۇقىنى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى ساقلاش، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئالغان يېرىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك.

«ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك»نى يولغا قويۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، يەر ھۆددىگەرلىك مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، 2 - نۆۋەتلىك يەر ھۆددە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىپ، يېزا يەر ھۆددىگەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ھۆددە مۇددىتىدىن باشلاپ 75 يىلغىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. «ئادەم كۆپەيسە يەرنى كۆپەيتمەسلىك، ئادەم ئازايسا يەرنى كېمەيتمەسلىك»نى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىپ، يەر ھۆددىگەرلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئىختىيارىي، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

«ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك» ئاساسىي خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ھۆددە يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىپ تىزىملاپ گۇۋاھنامە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا يەرلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ئىبارەت «ئۈچ ھوقۇق»نى ئايرىش سىياسەت سىستېمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا يېرىنى ھۆددىگە بېرىشكە ئالاقىدار قانۇن - سىياسەتلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)لىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر «ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك»نى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى، سىستېمىلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكىنى تولۇق تونۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپى بويىچە، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك» ۋە 2 - نۆۋەتلىك يەر ھۆددە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىش سىياسىتىنىڭ شۇ جايدا ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرايلى

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىلات سىستېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

# ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ تەشكىلات خىزمىتىدە ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشتات ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارغا 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جى جېڭ لېكسىيە دوكلاتى بەردى.

جى جېڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، روشەن ئەۋزەللىكى ھەمدە ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسىنى تولۇق تونۇش، توغرا ئىگىلەش» قاتارلىق تەرەپلەرنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشەندۈردى ھەم تەشكىلات سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا، تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جى جېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەشكىلات سىستېمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئومۇمىي يىغىن روھىغا ئەمەل قىلىپ، تۈزۈم ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ تەشكىلات خىزمىتىدە ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

# ئاپتونوم رايونىمىز ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش قىشلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، 2019 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش قىشلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققى جەھەتتىكى ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاتلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 2019 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش قىشلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، چاغاندىن بۇرۇن دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خەلق تۇرمۇشى خىزمىتى سۈپىتىدە پۇختا تۇتۇش، چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، دەل جايىدا كۈچەش، دېلو بولسا جەزمەن تەكشۈرۈش، نېسى قالغانلىرىنى جەزمەن تۆلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەسىپ، ساھەلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى كېرەك؛ يوشۇرۇن خەۋپنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تېگى - تەكتى ئېنىق بولۇش، ئەھۋالى ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاپ ئاگاھلاندۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش قىلمىشىغا «قىلچە يول قويماي»، قانۇن - نىزام بويىچە جازالىشى كېرەك؛ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق ئورۇن ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشى، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا، تولۇق سوممىسى بىلەن ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىدە يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.